# ئەتتىگەندە ۋە كەچتە ئۈچ قېتىمدىن ئىخلاس سۈرىسى ۋە مۇئەۋۋەزەتەيننى ئوقۇساڭ، بۇ سېنىڭ هەممە ئىشلىرىڭغا كۇپايە قىلىدۇ» دېدى

ئابدۇللاھ بىن خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: بىز يامغۇرلۇق بىر زۇلمەت كېچىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرەمدىكىن دەپ ئىزدەپ چىقتۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى تاپتۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سۆزلە» دېدى، مەن ھېچ نەرسە دېمىدىم، ئاندىن يەنە:«سۆزلە» دېدى، مەن ھېچ نەرسە دېمىدىم، ئاندىن يەنە:«سۆزلە» دېدى، مەن: نېمە دەيمەن؟ دېدىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ئەتتىگەندە ۋە كەچتە ئۈچ قېتىمدىن ئىخلاس سۈرىسى ۋە مۇئەۋۋەزەتەيننى ئوقۇساڭ، بۇ سېنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭغا كۇپايە قىلىدۇ» دېدى.
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [رواه أبو داود والترمذي والنسائي]

ئۇلۇغ ساھابە ئابدۇللاھ بىن خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ خەۋەر قىلىشچە: ئۇلار بەك يامغۇر يېغىۋاتقان قاراڭغۇ بىر كېچىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىشى ئۈچۈن ئىزدەپ چىقىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاپتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:«سۆزلە» يەنى ئوقۇغىن دېدى، ئۇ ھېچ نەرسە ئوقۇمىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سۆزىنى قايتا تەكرارلىدى، ئابدۇللاھ: ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! نېمە ئوقۇيمەن؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:« ھەر كۈنى ئەتتىگەندە ۋە كەچتە ئۈچ قېتىمدىن ئىخلاس سۈرىسى ۋە مۇئەۋۋەزەتەيننى ئوقۇساڭ، بۇ سېنى ھەرقانداق يامانلىق ۋە ناچار ئىشتىن مۇھاپىزەت قىلىدۇ»دېدى.



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee